ئىزوپ مەسەللىرى

# پاشا بىلەن بۇقا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئىزوپ مەسەللىرى

## پاشا بىلەن بوقا

تەرجىمە قىلغۇچى: سەمەت مەمتىلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

伊索寓言. ④/(古希腊) 伊索著; 赛买提·买买提力译. —乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.12
ISBN 978 - 7 - 228 - 10708-7

Ⅰ.伊... Ⅱ.①伊...②赛...Ⅲ. 寓言—作品集—古希腊—维吾尔语 (中国少数民族语言)
Ⅳ.I545.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第158071号

责任编辑: 阿不都吾甫尔·赛义丁
责任校对: 热娜·阿不力米提
封面设计: 米尔扎提·阿不都拉塔吉
绘　　图: 阿米尔·托合提

伊索寓言④ (维吾尔文)
赛买提·买买提力　译

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880 × 1230 毫米　32 开本　3.375 印张　2 插页
2007 年 7 月第 1 版　2009 年 2 月第 2 次印刷
印数: 3061—8060

---

ISBN 978 - 7 - 228 - 10708 - 7　定价: 6.00 元

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1981 ـ يىل 9 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ نەشرى، 1983 ـ يىل 8 ـ ئاي بېيجىڭ 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1981年9月北京第1版、1983年8月北京第2次印刷本翻译出版的版本重新编辑出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇغوپۇر سەئىدىن
مەسئۇل كوررېكتورى: رەنا ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى
رەسىملەرنى سىزغۇچى: ئامىر توختى

**ئىزوپ مەسەللىرى — 4**

تەرجىمە قىلغۇچى : سەمەت مەمتىلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 3.375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 8060 —— 3061
ISBN 978 — 7 — 228 — 10708 — 7
باھاسى : 6.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

ئىزوپ (伊索، Aiisops) تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردە ياشىغان قەدىمكى گرېك يازغۇچىسى. قىسسەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئەسلىدە قۇل ئىكەن، چېچەن ھەم پاراسەتلىك ئىزوپ خوجايىنىغا ياراپ قالغاچقا خوجايىنى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن، يۇنانىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ساياھەت قىلغان. سابىس شەھىرىگە كەلگەندە، لىيدىيا مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى كروسوس (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 560 — 546 - يىللىرى)نىڭ ئەتىۋارلىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. كېيىن، ئۇ كروسوسنىڭ ئەلچىسى بولۇپ دېرفېيغا بارغاندا، ئۇ يەردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى بۇلغىغان، دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ مەسەللىرىگە كېيىنكىلەر ئىش قوشۇپ، شېئىر ياكى نەسر شەكلىدە ئېلان قىلغان، يەنى ئۇ بۈگۈنكى «ئىزوپ مەسەللىرى»دۇر. بۇنىڭ ئىچىدىكى «دېھقان بىلەن يىلان»، «بۆرە بىلەن قوزىچاق» قاتارلىقلارنىڭ مەنەسى چوڭقۇر بولغاچقا، ھېلىھەم نەقىل كەلتۈرۈلمەكتە. بۇ مەسەللەر بىر نەچچە تىلغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مەسەل ئىجادىيىتىگە ۋە ئەدەبىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

بۇ كىتابنى نەشرىياتىمىز 1985 - يىلى تۇنجى قېتىم تەرجىمە ۋە نەشر قىلغان، 1998 - يىلى قايتا نەشر قىلغان (مەسئۇل مۇھەررىرى ئەخەت ھاشىم). بۇ قېتىم بىز كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنىڭ كىتاب ئوقۇش جەھەتتىكى ھەۋىسىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، قايتىدىن تەھرىرلەپ، مۇۋاپىق ھەجىمدە قىستۇرما رەسىملەرنى كىرگۈزۈپ، كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتتە مۇئەييەن «سىلىقلاش» ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كىتابنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردۇق. ئىشىنىمىزكى، كىتابنىڭ بۇ قېتىمقى قايتا نەشرى كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دەرس (مەشغۇلات)تىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىكى، ئارام ئېلىش كۈنلىرىدىكى، جۈملىدىن ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدا ھەۋەس بىلەن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بەلەن ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالغۇسى.

2006 - يىلى نويابىر



# خەنزۇچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز

## 1

مەسەل ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىيات ژانىرلىرىنىڭ بىرى. لېكىن، مەسەللەرنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى ۋە دۇنيادا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى يۇنان مەسەللىرىنى مەسەللەرنىڭ سەرخىلى دېيىشكە بولىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مەسەللىرىگە ئوخشاش، قەدىمكى يۇنان مەسەللىرىمۇ دەسلەپ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئېغىز ئەدەبىياتى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت تەپسىلىي ئەھۋاللار، مەسىلەن، پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ۋاقتى قاتارلىقلار ئانچە ئېنىق ئەمەس.

تەخمىنىي ھۆكۈملەرگە ئاساسلانغاندا، ئېزوپ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان كىشى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ سانموس ئارىلىدىكى ئادېمون دېگەن كىشىنىڭ قۇلى بولغان. چېچەن ۋە پاراسەتلىك ئېزوپ خوجايىنىغا ياراپ قالغاچقا، خوجايىنى ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېزوپ ئەركىنلىككە ئېرىشكۈچى سۈپىتىدە ئەينى چاغدىكى يۇناننىڭ كۆپ جايلىرىدا ساياھەتتە بولىدۇ. سادىبس شەھىرىگە كەلگەندە،

لىيدىيا مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى كروسوس (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 560 — 546 يىللاردا دەۋران سۈرگەن)نىڭ ئەتىۋارلىشىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى بىر تالاي مۇرەككەپ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەمدە بولىدۇ. كېيىن، ئىزوپ كروسوسنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى سۈپىتىدە دېلفېيغا بارغاندا، ئۇ يەر-دىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىماننى بۇلغىغان دەپ ئەيىبلى-نىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى سەۋەبلىك، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىزوپقا بولغان قارىشى بىر خىل بولماي كەلدى. بەزىلەر ئىزوپنى مەسەل يازغۇچىسى دېيىشسە، بە-زىلەر ئۇنى مەسەل ئېيتىشقىلا ئۇستا ئادەم دېيىشمەكتە؛ يەنە بەزىلەر بولسا «ئىزوپ» دېگەن بۇ ئىسىمنى كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر پايدىلىنىش ئۈچۈن توقۇپ چىقارغان دەپ قاراشماقتا.

## 2

مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئىزوپ قەدىمكى يۇنان ۋە رىمدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. بىر قانچە يۈز يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ ئىسمى مەسەللەر بىلەن چەمبەرچاس باغلى-نىپ كەتكەن. بىز «مەسەل» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلا چېغىمىزدا، يۇنانلىقلار «ئىزوپ مەسەلى» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. يۇنانلىق مەشھۇر ھەيكەلتىراش لىيشىرىس (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 356 — 323 يىللاردا ياشىغان) ئىزوپنىڭ ھەيكىلىنىمۇ ياسىغان. لېكىن، ئىزوپ مەسەل-لىرى بىرلا ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس، شۇنىڭدەك بۇ مەسەللەرنىڭ ھەممىسى ئىزوپنىڭ ئەسەرلىرى بولۇشىمۇ ناتايىن. ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن «ئىزوپ مەسەللىرى» ئە-

چىدىكى «بۆركۆت بىلەن تېزەكچى» قاتارلىق بىر مۇنچە مەسەللەرنىڭ ئىزوپ دېگەن ئادەمنىڭ ئۆز ئەسىرى ئىكەنلىكى ياكى ئىزوپ ياشىغان دەۋردە يارىتىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. لېكىن، باشقا نۇرغۇن مەسەللەرنى يۇنانلىقلارنىڭ خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىل ئىچىدە كوللېكتىپ ھالدا ياراتقانلىقى شۈبھىسىز.

مەسەللەر ئۇزاق ۋاقىت جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارىلىپ يۈرگەن ۋە جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان. مەسەللەرنىڭ قەدىمكى يۇناننىڭ باشقا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرىپىمۇ مانا شۇ يەردە. دەل مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، «ئىزوپ مەسەللىرى»دە جەمئىيەتتىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بىر قىسىم مەسەللەردە كەمبەغەللەر ۋە قۇللارنىڭ ياشىغان شارائىتى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان چۈشەنچىسى، ھۆرلۈككە بولغان تەشنالىقى ئىپادىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاقسۆڭەك ۋە قۇلدارلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى مەدھىيىلەنگەن بولسا، يەنە بىر قىسىم مەسەللەردە ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسى ۋە دىئالېكتىكىلىق ئاددىي ئىدىيە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «تۆگە» دېگەن مەسەلدە، ئادەمنىڭ تۆگىنى بىلىش جەريانى ئارقىلىق، ھەقىقىي بىلىمنىڭ ئەمەلىيەتتىن كېلىدىغانلىقى، بىلىشنىڭ مەنبەسى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قائىدە ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈلگەن. بەزى مەسەللەردە بولسا، ئاتېئىزملىق ئىدىيە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىزوپ مەسەللىرى» ئىچىدىكى نۇرغۇن مەسەللەرنى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم مەسەللەر كىشىلەرگە

دوستنى قانداق تاللاش ۋە دوستقا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ساۋات بېرىدۇ. بەزى مەسەللەردە كىشىلەرگە قانداق جاھاندارچىلىق قىلىش، قانداق ئادەم بولۇش توغرىسىدا ساۋاق بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ ۋە كىشىلەر قۇرۇق شۆھرەتكە بېرىلمەسلىككە دەۋەت قىلىنىدۇ.

بۇ خىلدىكى مەسەللەر قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ مېغىزى ۋە يەكۈنى، شۇنداقلا كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول.

شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، «ئىزوپ مەسەللىرى» بىرلا خاھىشقا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئوخشاشمىغان ئىدىيىۋى مەزمۇنلارغا ئىگە. بۇنىڭدىكى سەۋەب بىرخىل ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان بۇ مەسەللەر قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن بولغاچقا (مەسەللەرنىڭ مەكتەپ مائارىپىدىكى ئورنى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ)، بۇ مەسەللەرگە قۇلدارلار سىنىپىنىڭ تامغىسى بېسىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭلاشقا بىز ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ئاساسىدا «ئىزوپ مەسەللىرى»نىڭ مېغىزىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا شاكىلىنى ئىلغۇۋېتىشىمىز لازىم.

«ئىزوپ مەسەللىرى» ئىچىدىكى بىر قىسىم مەسەللەردە ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ، ئېزىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى، قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكى تەرغىب قىلىنىپ، ئاقسۆڭەكلەر ۋە قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئاڭ - پىكرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بىر قىسىم مەسەللەردە تەقدىر ۋە دىنىي خۇراپىيلىق كۆككە كۆتۈرۈلگەن.

ئومۇمەن قىلغاندا، «ئىزوپ مەسەللىرى» بىزگە كۆركەم، ئېنىق بىر رەسىمنى سىزىپ بېرىپ، قەدىمكى يۇنان جەمئىيىتىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.



ئۇ بىزنى ئەينى زاماندىكى ئىدىيە ۋە ئەخلاقنىڭ ئىخچام
ھالىتىنى، ئەينى چاغدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۆ-
رەشنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.
بولۇپمۇ قۇللار ۋە جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەرنىڭ
ئىدىيىۋى ھېسسىياتى قەدىمكى يۇناننىڭ باشقا ئەدەبىي
ئەسەرلىرىگە قارىغاندا «ئىزوپ مەسەللىرى»دە تېخىمۇ گەۋ-
دىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 3

«ئىزوپ مەسەللىرى» بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆزىگە خاس
خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

مەسەل توقۇپ چىقىلغان كىچىك ھېكايە. ئاپتور ئۇ
ئارقىلىق مەلۇم پىكىر، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە تۇرمۇش
تەجرىبىسىنى ئوبرازلىق بايان قىلىش بىلەن كىتابخاننى
(ئاڭلىغۇچىنى) تېگىشلىك ساۋاققا ئىگە قىلىدۇ. مەسەل
ئىچىدىكى ئاساسلىق رول ئالغۇچى ئادەم بولسىمۇ بولىدۇ
ياكى ئادەمگە ئوخشىتىلغان ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك ياكى
جانسىز جىسىم بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان مەسەللىرىدە كۆپ-
رەك كۆرۈلىدىغىنى ئادەم. «ئىزوپ مەسەللىرى»دە بولسا
ئەھۋال باشقىچە، يەنى ئۇنىڭدا ئادەمگە ئوخشىتىلغان بەدى-
ئىي شەكىللەر بىر قەدەر كەڭ ۋە يارىشىملىق ھالدا قول-
لىنىلغان. مەسىلەن، خىلمۇ خىل ھايۋانلار (ھەتتا ئۆسۈم-
لۈك ياكى جانسىز نەرسىلەر) ئادەمگە ئوخشاش ئىدىيە،
مىجەز ۋە تىلغا ئىگە بولغان. ئۇلار ھېكايىدە ئادەمدەك
پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ، سۆزلىشىدۇ، شۇ-
نىڭ بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا جانلىق بىر دۇنيا نامايان
بولىدۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

ئادەمگە ئوخشىتىلغان ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى بىر
قىسىم ھېكايىلەر ئۇزاق مۇددەت تارقىلىپ يۇرۇش جەريا-
نىدا ئۆزگە خاس ئوبراز ۋە ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۇر-
گەن. مەسىلەن، توشقاننىڭ قورقۇنچاقلىقى، بۆرىنىڭ ئاچ
كۆزلۈكى، تۈلكىنىڭ ھىيلىگەرلىكى، ۋەھاكازا. بۇ ئالاھى-
دىلىكلەر كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، ئادەملەرنىڭ بەزىبىر
قىلىقلىرى دارىتىملانغان. لېكىن، بەزى مەسەللەردە ئوخ-
شاش بىر خىل ھايۋان بەزىدە ئوخشاش بولمىغان ئىدىيە
ۋە ئەخلاققا ئىگە قىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان مەسەللەردە
ئوخشاشمىغان، ھەتتا پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغان قىياپەت
بىلەنمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. «قوزغۇن بىلەن تۈلكە» دېگەن
مەسەلدىكى تۈلكە بىر ساختىپەز، ئاچ كۆز خۇشامەتچىنىڭ
ئوبرازىنى ئىپادىلىسە، «تۈلكە بىلەن يىلپىز» دېگەن مە-
سەلدىكى تۈلكە قەلب گۈزەللىكىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى بو-
لۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «دېھقان بىلەن يىلان» دېگەن مە-
سەلدىكى يىلان تەبىئىتى ئۆزگەرمەيدىغان يامان ئادەملەرگە
ئوخشىتىلغان بولسا، «ھەرە بىلەن يىلان» دېگەن مەسەلد-
كى يىلان ئۆلسىمۇ زۇلۇمغا تىز پۈكمەيدىغان، ئۇۋاللىقا
ئۇچرىغان كىشىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. «بۆرە
بىلەن قوزا» ۋە «بۆرە بىلەن ئىت» دېگەن مەسەللەرنىڭ
ئىدىيىۋى خاھىشى ئوخشاش بولۇپ، ئالدىنقىسىدا بۆرە ئۆ-
تۈپ كەتكەن بىر قەبىھ زوراۋان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىق-
قان بولسا، كېيىنكى مەسەلدىكى بۆرە ئەركىنلىككە تەشنا
ۋە ئىنتىلگۈچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا، بىز
مەسەللەردىن بەھرىمەن بولغان چېغىمىزدا، ئۇلارنى كونك-
رېت تەھلىل قىلىشىمىز كېرەككى، ئوخشاشمىغان قىيا-
پەتتە ئوتتۇرىغا چىققان ئوخشاش بىر خىل ھايۋاننىڭ
ئوبرازىغا بىرلا خىل كۆز بىلەن قارىماسلىقىمىز لازىم.
«ئىزوپ مەسەللىرى»دىكى بىر قىسىم مەسەللەردە سې-



لىشتۇرۇش ئۇسۇلى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغان. بول-غاچقا، سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەسەلىنىڭ تۈپ مەزمۇنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «تاشپاقا بىلەن توشقان» دېگەن مەسەلدە تاشپاقىنىڭ مىس - مىسلىقى بىلەن توش-قاننىڭ چاققانلىقى، تاشپاقىنىڭ ئېغىر - بېسىق، چىدام-لىقى بىلەن توشقاننىڭ تەنتەكلىكى روشەن سېلىشتۇرۇل-غانلىقتىن، بۇ مەسەلىنىڭ تۈپ مەزمۇنى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

«ئېزوپ مەسەللىرى»دە يەنە خىلمۇخىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. كۆپلىگەن مەسەللەردە ھېكايە تۈزلا بايان قىلىنىپ، ئاخىرىدا ھېكايىدىكى مەلۇم پېرسوناژنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئاساسىي مەزمۇن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. لېكىن، بىر قىسىم مەسەللەردە، مەسىلەن، «بۆرە بىلەن قوزا» قاتارلىق مەسەللەردە پۈتكۈل ۋەقەلىك دىئالوگ بىلەن بايان قىلىنىپ، دىئالوگ ئارقىلىق ئاساسىي مەزمۇن شەرھلەپ بېرىلگەن.

«ئېزوپ مەسەللىرى»دىكى كۆپلىگەن مەسەللەرنىڭ تۈ-زۈلۈشى ئاددىي، ۋەقەلىكى زىچ، تىلى ئىخچام بولۇپ، بىرلا ۋەقە ئارقىلىق مەسەلىنىڭ تۈپ مەزمۇنىنى ئېنىق يىغىن-چاقلاپ بېرەلىگەن.

دەرۋەقە، «ئېزوپ مەسەللىرى»دىكى ھەممىلا مەسەللەر-نى بەدىئىيلىك جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان دېگىلى بولمايدۇ. بەزىلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى كەم، بەزىلى-رىنىڭ ۋەقەلىكى زىددىيەت بىلەن تولغان، ئەگەر ئاخىرىدا ساۋاق سۆزى قوشۇلمىغان بولسا، نېمە دېمەكچى بولغانلى-قىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن مۇتلەق كۆپلىگەن مەسەللەر-نىڭ ئاخىرىغا بىردىن «ساۋاق» قوشۇلغان. بۇ ساۋاقلار مەسەلنى توپلاپ رەتلىگۈچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى بو-

يىچە ئۆزگىرىپ بارغان. ھازىر قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ
بەزىلىرى تېمىغا ئۇيغۇن، بەزىلىرى بولسا زورمۇ زور چې-
تىپ قويۇلغان، ھەتتا ھېكايىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بۇر-
مىلىغان. بۇ «ساۋاقلار» مەسەلىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى
بېيىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بەدىئىيلىكىگە نىسبەتەن
ئېيتقاندىمۇ قەلەم بىھۇدە تەۋرىتىلگەن دېيىشكە بولىدۇ.
بىز بۇ توپلامدىكى مەسەللەرنى ئوقۇپ تەھلىل يۈرگۈزگىن-
نىمىزدە، ئۇنىڭدىكى «ساۋاقلار»نى ئەمەس، بەلكى مەسەلىنىڭ
ئەسلىي ۋەقەلىكىنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم.

## 4

«ئىزوپ مەسەللىرى» قەدىمكى يۇنانلىقلار قالدۇرۇپ
كەتكەن بىباھا مەدەنىي مىراس، ئۇ 1625 - يىلى (مىڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى تيەنچى خان ھۆكۈم سۈرگەن چاغدا)
ئېلىمىزگە تۇنجى قېتىم تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا «ھە-
قىقەت ئۆرنەكلىرى» دەپ نام بېرىلگەن. 20 - ئەسىردىن
بۇيان، مەملىكىتىمىزدە «ئىزوپ مەسەللىرى» ھەرخىل
نۇسخا ۋە يېزىقتا كۆپلەپ نەشر قىلىنىپ، ئامما ئىچىدە
بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى.

«ئىزوپ مەسەللىرى»نىڭ ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئە-
لىرىدىكى تەسىرى جۇڭگودىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ زور.
دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ ئۇستازى ماركس، ئېنگېلسلارمۇ
ئۆز ئەسەرلىرىدە «ئىزوپ مەسەللىرى»نىڭ تىل ۋە ئوبراز-
لىرىدىن پايدىلانغان؛ لېنىن «ئىزوپ مەسەللىرى ئۇسلۇبى-
دىكى تىل»نى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. شېكسپېرنىڭ ئە-
سەرلىرىدە «ئىزوپ مەسەللىرى»دىكى ھېكايىلەر ئىشلىتىل-
گەن. فرانسىيىلىك رافېندې، گېرمانىيىلىك لېيسىن،
روسىيىلىك كرىلوف قاتارلىق مەسەلچى، يازغۇچىلارنىڭ

ئەسەرلىرىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى «ئىزوپ
مەسەللىرى»دىن ئېلىنغان. ھازىرقى كۈندىمۇ «ئىزوپ مە-
سەللىرى» كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە رەددىيە بېرىش
ۋە مەسخىرە قىلىش قورالى سۈپىتىدە رول ئويناپ كەل-
مەكتە. «ئىزوپ مەسەللىرى» بىلەن تونۇشلۇقىمىز بولمى-
سا، مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەردىن يېتەرلىك لەززەت
ئالالمايمىز ۋە كېيىنكى ئەسەرلەردە ئۆتكەن مەسەل يازغۇ-
چىلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىي مىراسلارغا قانداق تەنقىدىي
ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى دېگەن-
دەك چۈشىنەلمەيمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «ئىزوپ
مەسەللىرى» بىز ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم
ئوقۇشلۇق.

چېن خۇڭۋېن

1978 - يىلى 10 - ئاي





# مۇندەرىجە


بۇغا ........ 1

بۇغا بىلەن شىر ........ 2

بۇغا بىلەن ئۈزۈم تېلى ........ 3

دېڭىزدىكى يولۇچىلار ........ 4

مۈشۈك بىلەن چاشقان ........ 5

چىۋىن بىلەن ھەسەل ........ 6

تۈلكە بىلەن مايمۇن ........ 7

ئېشەك، خوراز ۋە شىر ........ 8

مايمۇن بىلەن تۆگە ........ 9

ئىككى تېزەكچى قوڭغۇز ........ 10

چوشقا بىلەن قوي ........ 12

تۇردۇس قۇش ........ 13

ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇ ........ 14

ھېرمېس بىلەن ھەيكەلتىراش ........ 15

ھېرمېس بىلەن تېروشىئاس ........ 17

چار يىلان بىلەن سۇ يىلىنى ........ 19

ئىت بىلەن خوجايىن ........ 21

ئىككى ئىت ........ 22

چار يىلان بىلەن ئېكەك ........ 23

ئانا بىلەن ئۇنىڭ قىزلىرى ........ 24

ئەر بىلەن خوتۇن ........ 26

چار يىلان بىلەن تۈلكە ........ 27

ئوغلاق بىلەن بۆرە ........ 28

بۆرە بىلەن ئوغلاق ........ 29

ھەيكەلتىراش ........ 30

زېۋس، پېرومېتى ئافېنا ۋە مېموس ..................... 31
غورۇلاي بىلەن قۇشلار ..................... 33
ھېرمېس بىلەن يەر ..................... 34
ھېرمېس بىلەن ھۇنەرۋەن ..................... 35
زېۋس بىلەن ئاپوللو ..................... 36
ئات، كالا، ئىت ۋە ئادەم ..................... 37
زېۋس بىلەن تاشپاقا ..................... 39
زېۋس بىلەن تۈلكە ..................... 40
زېۋس بىلەن ئادەم ..................... 41
شەپقەت ئىلاھى ..................... 42
ھېراكلىس بىلەن بايلىق ئىلاھى ..................... 43
چۈمۈلە بىلەن تومۇزغا ..................... 44
نەيزە بېلىق بىلەن يونۇس بېلىقى ..................... 45
قۇشچى بىلەن كۆزەينەكلىك يىلان ..................... 46
قىسقۇچپاقا بىلەن تۈلكە ..................... 47
قۇندۇز ..................... 48
كۆكتاتچى ..................... 49
كۆكتاتچى بىلەن ئىت ..................... 50
نەغمىكەش ..................... 51
ئوغرى بىلەن خوراز ..................... 52
غورۇلاي بىلەن قۇزغۇن ..................... 53
قۇزغۇن بىلەن تۈلكە ..................... 54
ھۆپۈپ بىلەن قۇزغۇن ..................... 55
ھۆپۈپ بىلەن ئىت ..................... 56
غورۇلاي بىلەن تۈلكە ..................... 57
قۇزغۇن بىلەن يىلان ..................... 58
غورۇلاي بىلەن كەپتەر ..................... 59
ئاشقازان بىلەن پۇت ..................... 60
قاچقان غورۇلاي ..................... 61

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com